3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى كۆپەيدى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى مۇقىملاشتى

□ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لياڭ لىخۇا

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 9دا، تاڭ تېخى يورۇماي تۇرۇپلا، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئۇششاقباش بازىرى يار بېشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مۇتەللىپ ئابلەت بىلەن خوتۇنى يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى تەييارلاپ تىجارەت باشلىدى. ئاشخانا ئېچىپ لوبەن بولۇش نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئويلاپمۇ باقمىغان ئىش ئىدى.

«ھازىر بىر ئايدا 6000 يۈەن ئەتراپىدا پۇل تاپالايمەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، بېيىش ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى.» مۇتەللىپنىڭ سۆزىدىن غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئىلگىرى مۇتەللىپنىڭ ئائىلىسى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، ئائىلىسىدە يەتتە جان ئادەم، يەتتە مو يەر بار ئىدى، پۈتۈنلەي يەر تېرىشقا تايىنىپلا كىرىم قىلاتتى، كۈنلىرى غورىگىل ئۆتەتتى.

2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ تۆمۈريول كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئۇششاقباش بازىرى يار بېشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى مۇتەللىپ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. خىزمەت ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالارنىڭ ياردىمىدە، مۇتەللىپ خوتۇنى بىلەن ئاشپەزلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئاشخانىدا ئاشپەز بولدى.

«ھازىر بىزنىڭ تېخنىكىمىز بار تۇرسا، نېمە ئۈچۈن كەنتكە قايتىپ، ئۆزىمىز ئاشخانا ئاچمايمىز؟» بىر يىلدىن كۆپرەك ئاشپەزلىك قىلغان مۇتەللىپ ئىگىلىك تىكلەش ئويىغا كېلىپ، خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇنىڭ ئويى خىزمەت ئەترىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن كەنتتە ئاشخانا ئاچتى.

يار بېشى كەنتى ئىلگىرى ئېغىر نامرات كەنت ئىدى، كىشى بېشىغا ئاران 0.7 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرنىڭ تۇپا سۈپىتى ناچار، سۇ ساقلاش، ئوغۇت ساقلاشچانلىقى ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى كۆپ، ھوسۇل تۆۋەن ئىدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشنى خالايدىغانلار ساناقلىقلا بولۇپ، پەقەت نەچچە مو يەرگىلا تايىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش بەكمۇ تەس ئىدى!

2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر كېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، يار بېشى كەنتىنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇھىم تۇتقۇسى قىلدى.

«يار بېشى كەنتىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى بىرقەدەر ياخشى، يېزا ـ بازارنىڭ بازىرى كەنتكە جايلاشقان، ئادەم ئېقىمى ۋە دۇكانلار مەركەزلەشكەن، سانائەت باغچە رايونى بىلەن بولغان ئارىلىقمۇ يېقىن، يەنە نەچچە زاۋۇت بار بولۇپ، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدۇ» دېدى كەنتنىڭ 1 ـ شۇجىسى مياۋ پۇ.

ئىشقا ئورۇنلىشىش تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن كەنتتە بىرەر ھۈنىرى بار كەنت ئاھالىسى كۆپ بولمىغاچقا، ئىشقا ئورۇنلىشىش تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىشقا ئايلانغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت ئەترىتى پۈتۈن كەنتتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېگىنى ئېنىقلاپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى تىزىملاپ تىزىملىك تۈزۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر ئامبىرى قۇردى، ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەش كۇرسدىن 12 قارار ئاچتى، تەربىيەلەشكە قاتناشقان كەنت ئاھالىسى 670 ئادەم قېتىمغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەم ئىشلىتىدىغان كارخانىلار بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشقا تەكلىپ قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 32 ئادەم قاراماي شەھىرى ۋە ئاقسۇ شەھىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتى، 90دىن ئارتۇق ئادەم ناھىيەدىكى سانائەت باغچە رايونىدا ياكى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلىدى.

كەنت ئاھالىلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغاندىن سىرت، خىزمەت ئەترىتى يەنە ئىشنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ۋە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلاپ، بار ئاماللار بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. يېزا ـ بازار بازىرىغا يېقىن بولۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ 20 ئېغىز «ئۇن كىچىك» دۇكان سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنتتە ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن ئىككىنى، خىش زاۋۇتىدىن ئىككىنى قۇردى، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆز ئالدىغا رەڭلىك خىش زاۋۇتى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

كەنت ئاھالىسى خەيرىنىسا بارات ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولغاچقا، سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە قولايسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا، خىزمەت ئەترىتى ئۇنىڭ كىچىك تالالا بازىرى ئېچىشىغا ياردەم بەردى، ئۇ ئايدا ئاز دېگەندە 2000 يۈەن پۇل تاپالايدىغان بولدى، يەنە چوڭلارنىڭمۇ ھالىدىن خەۋەر ئالالىدى. «مەن بۇنى ياخشى قەدىرلەپ، دۇكاننىڭ تىجارىتىنى يۈرۈشتۈرىمەن» دېدى خەيرىنىسا.

ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى يەنە ئورمان مۇھاپىزەتچىسى، تازىلىقچى، باغ ـ ئورمان تېخنىكا مۇلازىمەتچىسى قاتارلىق ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورۇنلىرىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىي 243 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى. دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى مەزگىلىدە، خىزمەت ئەترىتى 120دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنى سىرتقا چىقىپ قىسقا مۇددەتلىك ئىشلەمچىلىك قىلىشقا تەشكىللىدى، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى 15 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ھەرقايسى ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كەڭ نەزەر دائىرە، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى پىلانلاپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشقا ئىزچىل ئەمەل قىلىشنى خىزمەتتە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ئاساسلىقنى تۇتۇپ، مۇھىمنى تۇتۇپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي ـ باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلاردا ئۆتكۈنچى مەزگىلدە سىياسەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى سىجىل ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاس كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ يەردىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، كەسپلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ھەققىي ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى ياخشى يولغا قويۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، سۇچىلىق مەركەز قىلىنغان يېزا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. «14 ـ بەش يىل»لىق يېرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، «13 ـ بەش يىل»دىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەپ، سىياسەت، ئىسلاھات يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات يېرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، بەش دەرىجىلىك شۇجى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى باھالاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزىلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ ياخشى تۇتۇپ، تولۇقلاش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە ئىلمىي، دەل جايىدا ياخشى باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قىش پەسلىدە «كۆك ـ تاق» تەمىنات كاپالىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قىش پەسىللىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇنىڭ گەۋدىسى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تىترەيتتى. ئون نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، بوۋاي يەنىلا شۇ يەردە قاراپ تۇراتتى، ئىككى كۆزى ياشقا تولغان بولۇپ، سۈرەتتىكى ئوغلىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە كۆزىنى ئۈزمەي تۇراتتى.

قەھرىماننىڭ روھى يۇرتىغا قايتتى. جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىدا ئوغلىنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈۋالغان نەۋرىسىنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئاشۇ تونۇش قەتئىيلىكنى كۆرۈپ، مىڭ چاقىرىملىق چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىنى كېزىپ، كۆرمىگەن خەتەرنى باشتىن كەچۈرگەن بايەكە كەلدىبېك يەنە بىر قېتىم كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

بوۋاي 17 يىل ئىلگىرى تېخى ياش لاچىن بايەكەنى يېنىغا چاقىرىپ: «ئازادلىق ئارمىيەنىڭ كېچە ـ كۈندۈز چارلىشى يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈندۇر، بىز بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن چېگرا ئاھالىسى، ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. سېنىڭ بوۋاڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. لاچىن بايەكە بۇنى ئاڭلاپ قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتقانىدى.

2004 ـ يىلى لاچىن بايەكە شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىردى. دەل شۇ يىلدىن باشلاپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەندىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ چارلىشىغا ياردەملىشىدىغان پىدائىي يول باشلىغۇچى بولۇپ، چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ۋە شۇ جايدىكى چارۋىچىلار تەرىپىدىن بۇلۇتلار ئارىسىدا چېگرانى قوغداۋاتقان «پامىر بۈركۈتى» دەپ تەرىپلەندى.

«كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ بۇ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئىنتايىن ياخشى ئورۇنداپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىش قىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ياخشى ئوغلۇم» دېدى بايەكە كەلدىبېك كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ئالىيجانابلىق ـ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس

قەھرىمان ئەزەلدىن تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. لاچىن بايەكەنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى باشتىن ـ ئاخىر ياخشى تەربىيە، پاك ئائىلە ئىستىلىدىن ئوزۇق ئالغان ۋە سۇغۇرۇلغان.

«رەھمەت سىلەرگە، سىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىگە رەھمەت، مۇشۇنداق بىر مۇنەۋۋەر ئوغۇلنى تەربىيەلەپسىلەر...» 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچتە، قۇتقۇزۇۋېلىنغان بالىنىڭ ئانىسى دوختۇرخانىدىن چىقىپلا، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئالتە سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، تىزناپ كەنتىگە كېلىپ، شەپقەتچىسىگە تەزىيە بىلدۈردى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلىدى.

بايەكە كەلدىبېك بوش ئاۋازدا مۇنداق دېدى: «ئوغلۇم ھاياتى بىلەن سىزنىڭ بالىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ بالىڭىز مېنىڭ نەۋرەم بولىدۇ، سىزمۇ مېنىڭ قىزىم بولىسىز».

قۇتقۇزۇۋېلىنغان بالىنىڭ ئانىسى لاچىن بايەكەنىڭ ئانىسى بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ يىغا ـ زارە قىلىشتى، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز سۆزلەر بۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەنىدى.

لاچىن بايەكەنىڭ مۇنەۋۋەرلىكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان. باشتىن ـ ئاخىر يېقىملىق كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ تاجىك يىگىتنىڭ گېپى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئالىيجانابلىق، سەمىمىيلىك ۋە قەيسەرلىك بار ئىدى.

«ئۇ كىچىكىدىنلا ياخشى بالا ئىدى.» لاچىن بايەكەنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئامانلا رىچايىك ئەسلەپ مۇنداق دېدى: بىر قېتىم لاچىن بايەكە چۈشلۈك دەم ئېلىشتا بىر ۋاسكېتبولنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئوينىدى، ئويلىمىغان يەردىن گار ئۈستىدىكى مىخ توپنى تېشىۋېتىپتۇ. «ئۇ ياشتىكى ئوغۇل بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى بەك كەپسىز، ئامال قىلىپ باھانە ئىزدەيدۇ. لاچىن ئوخشىمايتتى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا خاتالىقنى تونۇدى، تېخى يىغلاپ كەتتى.» سۆزلەۋېتىپ ئامانلا رىچايىك ئىختىيارسىز ياش تۆكتى، «قاراپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، بوپتۇلا دېدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ‹ۋاسكېتبول مەكتەپنىڭ، مەن يىرتىۋەتكەنىكەنمەن چوقۇم تۆلەپ بېرىشىم كېرەك› دېدى. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ دادىسى بىر يېڭى ۋاسكېتبولنى مەكتەپكە ئەكېلىپ بەردى».

«ئۇ كۈنى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بالىڭىزنى ئەيىبلىدىڭىزمۇ ـ يوق بىلمىدىم» ئامانلا رىچايىك بايەكە كەلدىبېكنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشنى ئويلىدى.

«ئەقىللىق ئادەم خاتالىقنى بىلگەن ھامان تۈزىتىدۇ، ھاماقەت ئادەم خاتالىقى بولسىمۇ يوشۇرىدۇ. مەن قوللىماقتا يوق ئۇنى ئەيىبلىسەم قانداق بولىدۇ.» بايەكە كەلدىبېك مۇنداق دېدى: «ئۇ چاغدا ئائىلىمىزنىڭ شارائىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، بىر ۋاسكېتبولمۇ ئەرزان ئەمەس، لېكىن بالىنى توغرا يولغا باشلىيالىساقلا، ھەرقانچە كۆپ پۇل خەجلىسەكمۇ ئەرزىيدۇ».

ئېتىقاد ـ تومۇرداش

دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، 13 ياشلىق دۇرخان لاچىن ئاپىسى بىلەن بوۋا ـ مومىسىغا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولدى. «ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئامال بار يىغلىمىدىم، يىغلىساملا چوڭلار ئەگىشىپ يىغلايدۇ، كۆپچىلىك تېخىمۇ بىئارام بولىدۇ.» دېدى ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ.

بىر ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، قەشقەر داشۆدە تەربىيەلىنىۋاتقان لاچىن بايەكە سىن ئارقىلىق قىزىغا ئۆزىنىڭ تاپشۇرۇقنى تەكشۈرتكۈزگەن ئىدى. دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان ھەربىر ئېغىز سۆزى دۇرخان لاچىننىڭ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

«قىزىم، بۇ ماقالەمدە خاتا خەتلەر بارمۇيوق قاراپ بېقىڭە».

«ئىككىنچى قۇر ئىككىنچى خەتتە ‹دەنرېنپاك› يېزىلماپتۇ؛ بەشىنچى قۇردىكى يەتتىنچى خەتتە ‹سەندىيەنشۈي› يېزىلماپتۇ...»

«ماقۇل، بىلدىم، مېنىڭ كىچىك مۇئەللىمىم».

قىزىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىق سەۋىيەسى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، لاچىن بايەكە ھەر قېتىم ئۇنى يېقىملىق قىلىپ «كىچىك مۇئەللىم» دەپ چاقىراتتى. «دادام مېنى ئىزچىل ‹كىچىك مۇئەللىم› دەپ چاقىراتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ مېنىڭ مۇئەللىمىم. ئۇنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى، روھىي پەزىلىتىنى مەن بىر ئۆمۈر ئۆگىنىمەن» دېدى دۇرخان لاچىن.

لاچىن بايەكەنىڭ قىزىدىن كۈتىدىغان ئەڭ چوڭ ئۈمىدى ئۇنىڭ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈشى ئىدى. سىنىپتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۇرخان لاچىن كۆڭلىدە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، بالدۇرراق يارامىلىق ئادەم بولۇشقا قەسەم قىلدى.

دۇرخان لاچىننىڭ ئىنىسى لادىر لاچىننىڭ كۆزلىرى دادىسىنىڭكىدەك نۇرلۇق ھەم قەتئىي ئىدى. ئۇ دادىسى لاچىن بايەكەنى ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە، چېگرا قوغدىغۇچىسى بولۇش ناھايىتى قالتىس ئىش ئىدى.

«دادام ماڭا ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولۇشۇمنى ئېيتتى.» لادىر لاچىن مۇشتىنى تۈگۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن دادامغا چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا ئوخشاش ۋەتەننى قوغدايمەن، خەلقنى قوغدايمەن دېدىم».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىخېيشەن كان رايونىدىكى بايلىقنى بىرىكتۈرۈش رايونى شىمالىي تاغ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى، غۇلجا كان رايونىدىكى شىمالىي رايون 7 ـ نومۇرلۇق كان قۇدۇقىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى، غۇلجا كان رايونى بايلىقنى بىرىكتۈرۈش رايونىدىكى يىتەي ئىلى كانچىلىق شىركىتىنىڭ كۆمۈر كان تۈرىدىن ئىبارەت.

بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى غۇلجا كان رايونىدىكى بايلىقنى بىرىكتۈرۈش رايونى يىتەي ئىلى كانچىلىق شىركىتىنىڭ كۆمۈر كان تۈرى بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى يىلىغا 4 مىليون 500 مىڭ توننا، ئوخشاش كۆلەمدىكى كۆمۈر تاللاش زاۋۇتى ياندىش قۇرۇلىدۇ، تۈر كانچىلىق ھوقۇقى خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئومۇمىي سېلىنما 2 مىليارد 89 مىليون يۈەن. بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدە ئۈستى ئوچۇق قېزىش، كېيىنكى مەزگىلدە قۇدۇق ئېچىپ قېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ تۈر يەنە 2020 ـ يىلى دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ چوڭ تۈر.

دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ پىششىقلانمىغان كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 238 مىليون توننا بولۇپ، جۇڭگودىكى 4 ـ چوڭ ئاساسلىق كۆمۈر چىقىدىغان رايون.